## 8889 ـ ئىستىراخۇۋانىيەنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى ۋە ھۆكمى

**سۇئال**

بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئومۇملىشىۋاتقان سۇغۇرتا تىجارىتىنىڭ ھۆكمى نىمە؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

1ـبارلىق تىجارەت سۇغۇرتىلىرى شەك ـ شۈبھىسىز جازانىدۇر. ئۇ بولسا پۇلنى پۇلغا سېتىش بولۇپ، سۇغۇرتا پۇلىغا ئۇنىڭدىن كۆپرەك ياكى ئازراق پۇلنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن سېتىۋېلىش بولىدۇ. يەنى بۇ بولسا شەرىئەت چەكلىگەن جازانىدۇر، كۆپلىگەن ئايەتلەردە جازانىنىڭ هاراملىقى بايان قىلىنغان.

2ـ بارلىق تىجارەت سۇغۇرتىلىرى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە هارام قىلغان قىمار شەكلىدە بولىدۇ (يەنى شەكلى ئۆزگەرگەن قىمار). بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ئى مۆمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش، شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقتۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار، شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى هاراقتىن، قىماردىن يانماسىلەر؟ سۈرە مائىدە 90ـ ئايەت.

بارلىق شەكىلدىكى سۇغۇرتىلار قىسمەتلەر بىلەن ئويناشقانلىق بولىدۇ، سۇغۇرتا شىركەتلىرى بىلەن سەن ئەگەر مۇنچىلىك پۇل تۆلىسەڭ ناۋادا ساڭا بىرەر ھادىسە كەپ قالسا مۇنچىلىك پۇل بېرىمىز دەپ توختام تۈزىدۇ، بۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ قىمار ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك پاكىت. ساغلام ئەقىل ئىگىسى قىمار بىلەن سۇغۇرتىنىڭ ماھىيىتىنىڭ بىر ئىكەنلىكىدىن شەك قىلمايدۇ.

3ـ بارلىق تىجارەت تۈسى ئالغان سۇغۇرتىلار ئالدامچىلىقتۇر. كۆپلىگەن سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق ئالدامچىلىقنىڭ هاراملىقى ئىسپاتلانغان. ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى بايان قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سودىدا ئالدامچىلىق قىلىشتىن چەكلىگەن دەيدۇ. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بارلىق تىجارەت سۇغۇرتىلىرى ئالدامچىلىققا تايىنىدۇ، پۈتۈن سۇغۇرتا شىركەتلىرى ھادىسىنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا ھادىسىنىڭ قاچان ۋە قانداق بولىشىنى بىلمەيدۇ، بۇ ئىشلار ئالدامچىلىق دەپ ھېسابلىنىدۇ.

4ـ بارلىق تىجارەت سۇغۇرتىلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلىنى ناھەق يول بىلەن يەۋېلىش بولۇپ( يەنى شەكلى ئۆزگەرگەن شىركەتلەشكەن زامانىۋى ئالدامچىلىق) ئاللاھ بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قۇرئاندا چەكلەپ مۇنداق دېگەن: «ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن

يەۋالماڭلار» سۈرە نىسا 29– ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بارلىق تىجارەت سۇغۇرتىلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل–مېلىنى يەۋېلىشتىكى ئەمەلىي ھىيلە–مىكىردۇر. گېرمانىيەلىك بىر ئالىمنىڭ ستاتىكا قىلغان سانلىق مەلۇماتتا بىلدۈرۈلىشىچە، سۇغۇرتا شىركەتلىرى خېرىدارلاردىن ئالغان پۇلنىڭ، ئۇلارغا قايتۇرۇلۇش نىسبىتى 2.9% كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. سۇغۇرتا بولسا، ئىسلام ئۇممىتى ئۈچۈن چوڭ بىر مەنىۋى زىيان بولۇپ غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىششى بىزگە ھۆججەت بولالمايدۇ. يۇقىرىقىلار بولسا سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ شەرىئەت چەكلىگەن يوللارغا تايىنىدىغانلىقىنىڭ بىر ئاددى مىسالىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن تەرەپلىرى بولۇپ بۇ يەردە توختالمايمىز. بەلكى يۇقىرىدا دېيىلگەنلەر ئۇ ئىشنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلىمە قويۇلغانلىقىغا ئىسپات قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى بىر قىسىم سۇغۇرتا شىركەتلىرى ھەمكارلىق سۇغۇرتىلىرى ياكى كاپالەت سۇغۇرتىسى ياكى ئىسلام سۇغۇرتىسى دېگەن ناملار بىلەن ئاتاپ خەلقنى ئالدايدۇ. بىراق بۇ ئارقىلىق سۇغۇرتىنىڭ باتىل ھەقىقىتىدىن ھېچ قانداق بىر نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ئۆلىمالار پەتىۋا بەرگەن دېگەن داۋاسى يالغان ۋە بۆھتاندۇر، بۇ ئۇقۇشماسلىقنىڭ سەۋەبى بىر قىسىم سۇغۇرتا شىركەتلىرى ئۆلىمالاردىن ساختىپەزلىك بىلەن كۆز بوياماچىلىق قىلىپ ھەمكارلىق سۇغۇرتىسى دەپ ئىسىم قويۇپ بۇنىڭدىكى مەقسەتنى خەير–ئېھسان قىلىش، ئىنسانلارغا تەبىئى–ئاپەتلەردە ياردەمدە بولۇش، يوقسۇللارغا ئاتىدارچىلىق قىلىش دەپ تونۇشتۇرۇپ پەتىۋا ئالغان، ئەمەلىيەتتە ھەمكارلىق سۇغۇرتىسى دەپ ئاتالغان بۇ سۇغۇرتىنىڭ باشقا سۇغۇرتىلار بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق. بۇنىڭدىكى ئوخشاشماسلىق، بۇنىڭ ماھىيىتىدە بولماستىن بەلكى شەكلى ۋە ئىسمىدە بولغان، بۇ بولسا خەير–ئېھسان قىلىش، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىقتا ياردەملىشىش بولماستىن بەلكى گۇناھ ۋە ئاداۋەتكە ياردەملەشكەنلىكتۇر، بۇنىڭدىكى مەقسەت تەبىئى– ئاپەتلەرگە ياردەم بېرىش بولماستىن، خەلقنىڭ مال–مۈلكىنى ناھەق يوللار بىلەن يېيىشتۇر.

ھەمكارلىق سۇغۇرتىسى باشقا سۇغۇرتىلارغا ئوخشاشلار ھارامدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆلىمالاردىن سۇغۇرتا توغرىسىدا سورىغان پەتىۋاسى ئىنكار قىلىنىدۇ، ئەمما بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سۇغۇرتىنىڭ خەير–ئېھسان تەرەپلىرىنى ئېيتقانلىقى ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ ۋە سۇغۇرتىنى جازانىدىن، قىماردىن، ئالدامچىلىقتىن، كىشىلەرنىڭ مال–مۈلكىنى ناھەق يول بىلەن يېيىشتىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. بۇ پەقەت كىشىلەرنى ئالداش ۋە قايمۇقتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان ھەر بىر مۆمىن ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىپ ئۆزىنىڭ دىنى ۋە مال–مۈلكىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ھەر تۈردىكى ئالدامچىلىق سۇغۇرتىلىرىدىن يىراق بولۇشى باشقىلارنىمۇ بۇنىڭدىن توسۇشى لازىم.

(يۇقىرىدىكى سۆزلەنگەن مىساللار ئىسلام ۋە مۇسۇلمان ئەللىرىدە بولۇۋاتقان سۇغۇرتىغا ئائىت مىساللاردۇر. ئەمما غەيرى مۇسلىم دۆلەتلىرىدە ياكى كاپىرلار ئارىسىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار، دۆلەت تەرىپىدىن سۇغۇرتىغا قاتنىششقا مەجبۇرلانمىسا، ھەر تۈرلۈك سۇغۇرتىلارغا قاتناشماسلىقى، تەقۋادارلىقنى لازىم تۇتۇپ ھەممە ئىشتا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، دۇنيالىقتىكى بولۇش ياكى بولماسلىق ئېھتىماللىقى بولغان، ئاز–تولا ماددى زىياننى كۆزدە تۇتۇپ، مۇسۇلمان ئەقىدىسىنىڭ غولى بولغان ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش تەك، بۇ بۈيۈك نېمەتتىن ئۆزىنى مەھرۇم قىلىش ئارقىلىق ئاخىرەتلىكىنى

زىيان تارتماسلىقى لازىم.– مۇھەررىر–)

ئاللاھ ھەممەيلەننى دىننى توغرا چۈشىنىدىغان ئۆزى رازى بولۇپ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن.